


### شاڭخەيدە قويۇلغان كونسېرت، كۆرگەزمە قىلىنغان مەدەنىيەت ئىجادىيىتى مەھسۇلاتلىرى

# شىنجاڭنىڭ ساياھەت سۈپەتلىك ماركىسىنى تېخىمۇ تونۇتتى

مۇخبىرىمىز جاڭ يىڭچۈن خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى، 12 - نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمى كونسېرتى ھەم مەدەنىيەت ئىجادىيىتى مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمىسى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ كۆرگەزمە دېيىلىدۇ) شاڭخەي كۆرگەزمە مەركىزىدە باشلاندى، شىنجاڭنىڭ شاڭخەيدە قويۇلغان كونسېرتى، كۆرگەزمە قىلىنغان مەدەنىيەت ئىجادىيىتى مەھسۇلاتلىرى «شىنجاڭ ياخشى جاي» سۈپەتلىك ماركىسىنى تېخىمۇ تونۇتتى.

ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت ۋە ساياھەت نازارىتى «شىنجاڭ ياخشى جاي»نى باش تېما قىلىپ، «ئۇسسۇلدىكى شىنجاڭ» «ئىجادىي شىنجاڭ» «گۈزەل شىنجاڭ»دىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەك مەزمۇندا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئالتە مۇنەۋۋەر سەھنە سەنئىتى نادىر نومۇرى، ئون نەچچە ساياھەت لىنىيەسىنى كۆرگەزمىگە قاتنىشىشقا تەشكىللەپ، مۇزىكا، ئۇسسۇل كىرىشتۈرۈلگەن شېئىر دېكلاماتسىيەسى «قۇياش نۇرى ئاستىدىكى ئۇسسۇل قەدىمى»، مۇزىكىلىق تىياتىر «مۇز تاغقا كەلگەن مېھمان» قاتارلىق مۇنەۋۋەر سەھنە سەنئىتى نادىر نومۇرلىرىنى نۇقتىلىق تونۇشتۇرۇپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان شىنجاڭنىڭ سەھنە سەنئەت ئىجادىيىتى ۋە سەنئەت نومۇرلىرى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئەلا نەتىجىلىرىنى مەركەزلىك نامايان قىلدى.

شىنجاڭ سەنئەت تەتقىقات يۇرتى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيى، ئاپتونوم رايونلۇق كۇتۇپخانا قاتارلىق ئون ئورۇن تۈرلۈك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت ئىجادىيەت مەھسۇلاتلىرىدىن 500 (يۈرۈش) دىن ئارتۇقنى كۆرگەزمە قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مول، رەڭدار مەدەنىيەت ساياھەت بايلىقىنى ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن نامايان قىلىپ، «شىنجاڭ ياخشى جاي» سۈپەتلىك ماركىسىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن تەشۋىق قىلىپ تونۇشتۇردى.

شىنجاڭ كۆرگەزمە رايونى نەق مەيداندا، «شىنجاڭ ياخشى جاي» ناملىق سىن تەشۋىقات فىلىمى نۇرغۇن تاماشىبىننى جەلپ قىلدى، كۆرگەزمىگە قاتناشقان ئورۇنلار ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار بىر تەرەپتىن، كىشىلەرگە تەشۋىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن، تاماشىبىنلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. قىزغىن، شوخ مۇزىكا ساداسى ئىچىدە، نەق مەيداندىكى تاماشىبىنلار شىنجاڭنىڭ ھەر خىل مىللىي چالغۇلىرىنىڭ نەپىس سىرتقى شەكلى ۋە ئۆزگىچە ئاۋازىغا مەپتۇن بولۇپ، ئالدىغا بېرىپ چالغۇلارنىڭ نامى، ياساش ھۈنەر - سەنئىتىنى سورىدى. شىنجاڭنىڭ شاددىيانە ناخشا - ئۇسسۇللىرى ئورۇنلانغان مەيدانلار ئادەم بىلەن لىق تولۇپ، ئارتىسلار غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلغۇچىلار ئورۇنلىغان مۇزىكا ساداسى ئىچىدە ناخشا ئېيتتى، ئۇسسۇل ئوينىدى، نۇرغۇن تاماشىبىن بىر تەرەپتىن، ھۇزۇرلىنىپ، بىر تەرەپتىن، يان تېلېفونىدا بۇ گۈزەل دەقىقىلەرنى سىنغا ئالدى ۋە ھەمبەھىرلىدى.

«شىنجاڭ پۇرىقىنى ئۆيىگە ئېلىپ كېتىش» باش تېمىسىدىكى مەدەنىيەت ئىجادىيىتى مەھسۇلاتلىرى كۆرگەزمە باشلىنىشى بىلەنلا تاماشىبىنلار تەرىپىدىن قاتمۇقات ئورىۋېلىندى، كىتاب ئوقۇش كەيپىياتىغا تولغان شىنجاڭ، كىتاب ئوقۇشتىن ھۇزۇرلىنىش، يىپەك يولى يېڭى مەدەنىيىتىنى ھېس قىلىش قاتارلىق يۈرۈشلۈك مەدەنىيەت ئىجادىيىتى مەھسۇلاتلىرىمۇ ئالقىشقا ئېرىشتى.

شۇ كۈنى، شىنجاڭ كۆرگەزمە رايونى جەمئىي 16 مىڭ ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك تاماشىبىننى ئۆزىگە جەلپ قىلدى، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە ناخشا - ئۇسسۇللىرى، يېڭىچە مەدەنىيەت ئىجادىيىتى مەھسۇلاتلىرى، ھەيۋەتلىك ھەم گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىسى خۇاڭپۇجياڭ دەرياسى بويىدا ئوخشاش بولمىغان تەرەپلەردىن «شىنجاڭ ياخشى جاي» سۈپەتلىك ماركىسىنى نامايان قىلىپ ۋە تەشۋىق قىلىپ، نۇرغۇن كىشىدە «شىنجاڭنى بىر قېتىم ساياھەت قىلىش» ئارزۇسىنى ئويغاتتى.

# تاشساي كەنتى: تاغدىن چۈشكەن چارۋىچىلار بەختلىك تۇرمۇش كەچۈرمەكتە

(بېشى 1 - بەتتە)

**■ تۇرمۇش ياخشىلاندى، بالىلارنى چوقۇم ياخشى تەربىيەلەش كېرەك**

بىر كۈنلۈك ئىش سەھەردىن باشلىنىدۇ. 5 - ئاينىڭ 20 - كۈنى سەھەردە، چاقىلىق ناھىيەلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىق 2 - سىنىپىدا ئوقۇۋاتقان گۈلزىبا نىرسجان ئادەتتىكىگە ئوخشاشلا ئورنىدىن بالدۇر تۇردى. سائەت 7دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، ئۇ يەنە ئۆيدىكى ئىنىسى مۇزەپپەر نىرسجاننى ئويغاتتى. «ئۇكام، ئۇكام، تېز تۇر، بۈگۈن دۈشەنبە، بىز بالدۇرراق مەكتەپكە بېرىپ دۆلەت بايرىقى چىقىرىش مۇراسىمىغا قاتنىشىشىمىز كېرەك.» مۇزەپپەر نىرسجان ئاچىسى ئوقۇۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىق ئوقۇغۇچىسى.

كەنتتە باشلانغۇچ مەكتەپ بولمىغاچقا، تاشساي كەنتىدىكى بالىلار 20 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ۋاششەرى بازىرىدىكى چاقىلىق ناھىيەلىك 3 - باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇيدۇ، بالىلارنىڭ مەكتەپكە بېرىشىدىكى قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، 2016 - يىلى 3 - ئايدا چاقىلىق ناھىيەسى مەبلەغ توپلاپ مەكتەپ ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىپ، ھەر كۈنى بالىلارنى مەكتەپكە ئاپىرىپ ئەكەلدى.

ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئاچا - ئۇكا ئىككىيلەن قول تۇتۇشۇپ ئۆيدىن چىقتى، ئۇلارنىڭ ئاپىسى تۇراگۈل تۇرسۇن ئارقىسىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. سائەت 8دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە، سېرىق رەڭلىك بىر مەكتەپ ئاپتوموبىلى كەنت ئاھالە كومىتېتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. 30 نەچچە كىچىك دوست ئارقا - ئارقىدىن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، رەتلىك تىزىلىپ ئاپتوموبىلغا چىقىپ، شوپۇرغا تىزىملىتىپ، رەت نومۇرى قويۇلغان ئورۇندا ئولتۇردى... ئون مىنۇتقا قالمايلا بالىلار ئولتۇرۇپ بولدى. «بىخەتەرلىك تاسمىسىنى ياخشى تاقىۋېلىڭلار، بىز يولغا چىقىمىز!» شوپۇر شۇنداق دەپ جېكىلىگەندىن كېيىن، مەكتەپ ئاپتوموبىلى ئاستا - ئاستا كەنتتىن چىقتى. بالىلار خۇش تەبەسسۇم بىلەن ئاپتوموبىلنىڭ سىرتىدا تۇرغان ئاتا - ئانىلار بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتى.

مەكتەپ ئاپتوموبىلى ئاستا - ئاستا كۆزدىن غايىب بولغاندىن كېيىن، بىر ئائىلە باشلىقى ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: «كەنتتە مەكتەپ ئاپتوموبىلى بار بولغاندىن كېيىن، ھەقىقەتەن كۆپ قولايلىق بولدى، بىزنىمۇ نۇرغۇن ئاۋارىچىلىكتىن خالاس قىلدى!» «ھەقىقەتەن شۇنداق! ھۆكۈمەت بىزگە شۇنچە كۆپ ياردەم قىلىپ بىزنى ياخشى كۈنلەرگە ئېرىشتۈردى، بىز چوقۇم بالىلارنى ياخشى تەربىيەلەپ، ئۇلارنى كۆپرەك ئوقۇتۇپ، غايەلىك كىشىلەردىن قىلىپ يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك» دېدى يەنە بىر ئائىلە باشلىقى گەپ قىستۇرۇپ. چوڭلار ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن گەپ قىلىشىپ ئۆيىگە قاراپ مېڭىشتى.

يىل بويى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگەچكە، تاشساي كەنتىدىكى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن ئىدى. لېكىن، چىرايلىق «ئۇزۇن بۇرۇن»لۇق مەكتەپ ئاپتوموبىلى بۇ يەرنى ئۆزگەرتىۋاتاتتى. كىشىنى تېخىمۇ ئۈمىدلەندۈرىدىغىنى شۇكى، بىر يېپيېڭى باشلانغۇچ مەكتەپ كەنت ئېغىزىدا قەد كۆتۈرگەندى. ئۇزاق ئۆتمەي، تاشساي كەنتىدىكى بالىلار ئىشىك ئالدىدىلا ئوقۇيالايدىغان بولىدۇ.

**■ يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك غېمى قالمىدى، ساغلام ئوزۇقلىنىش ئىنتايىن مۇھىم**

تاشساي كەنت يولىدا ماڭغىنىمىزدا، يول بويىدىكى بوك - باراقسانلاشقان كۆكەرتىش بەلبېغى كىشىگە ھۇزۇر بېغىشلايتتى. لېكىن ئىنچىكىلىك بىلەن قارىسىڭىز، كۆكەرتىش بەلبېغىدىكى بوش جايغا يەنە ھەر خىل كۆكتاتلارنىڭ تېرىلغانلىقىنى كۆرىسىز. «بۇلارنىڭ ھەممىسىنى كەنت ئاھالىلىرى بىزنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىمىزدە تېرىغان، قاراڭ، كۆكەرتىش بەلبېغىدىن باشقا، يول بويىدىكى بوش يەرگىمۇ كۆكتات تېرىلدى» دېدى تاشساي كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لۇ جىجۈن مۇخبىرلارغا يول بويىدىكى بىر پارچە كۆكتاتلىقنى كۆرسىتىپ، تەخمىنەن 30 - 20 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يەرگە شوخلا، چەيزە، تۇرۇپ قاتارلىق كۆكتاتلار تېرىلغانىدى.

نېمە ئۈچۈن ئازراق بوش يەر بولسىلا كۆكتات تېرىلىدۇ؟ بۇ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كۆكتاتنى كۆپرەك يېيىشى ئۈچۈن.

ئەسلىدە گەرچە تاغدىن چۈشۈپ ئولتۇراقلاشقىنىغا نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، بىراق بەزى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتى يەنىلا ئۆزگەرمىگەنىدى، بىرقەدەر گەۋدىلىك بولغىنى شۇكى، گۆشنى كۆپ يەپ، كۆكتاتنى ئاز يېيىش سەۋەبلىك، نۇرغۇن كەنت ئاھالىلىرىدە قاندىكى ماي مىقدارى ئېشىپ كېتىش، يۇقىرى قان بېسىمى، يۇقىرى قان قەنتى قاتارلىق كېسەللەر كۆرۈلدى.

قانداق قىلغاندا ئاندىن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى ئۆزگەرتكىلى، ئۇلارنى ياخشى ئوزۇقلاندۇرۇپلا قالماي، يەنە ساغلام ئوزۇقلاندۇرغىلى بولىدۇ؟ بايىنغولىن ئوبلاستلىق سودا ئىدارىسىنىڭ تاشسايدا تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى ئىشنى كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ، كەنت ئاھالىلىرىگە ئوزۇقلۇق بىلىملىرىنى قايتا - قايتا چۈشەندۈرۈپلا قالماي، يەنە تۈرلۈك سورۇنلاردىن پايدىلىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى يېمەك - ئىچمەك ئادىتىنى ئۆزگەرتىشكە يېتەكلىدى. ئۇلار كەنت ئاھالىلىرىگە قورۇما قورۇشنى قولمۇقول ئۆگىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى كۆكتاتنى كۆپرەك يېيىشكە يېتەكلىدى.

كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تېخىمۇ كۆپ كۆكتات يېيەلىشى ئۈچۈن، كەنت كەنت ئاھالىلىرىنى تۈرلۈك يەردىن پايدىلىنىپ كۆكتات تېرىشقا ئىلھاملاندۇردى. بۈگۈنكى كۈندە، ھەربىر ئائىلىنىڭ ھويلىسىدىكى تېرىقچىلىق رايونىدا ئۈزۈم قاتارلىق مېۋىلەر ئۆستۈرۈلۈپلا قالماي، يەنە خىلمۇخىل كۆكتاتلار تېرىلدى. ئىشىك ئالدىدىكى بوش يەرلەر ۋە يول بويىدىكى كۆكەرتىش بەلبېغىنىڭ ئارىلىقلىرىغىمۇ كەنت ئاھالىلىرى ھېچ يەرنى بوش قالدۇرماي كۆكتات تېرىدى. كەنت ئاھالىسى تۇرسۇن نىياز ئائىلىسىنىڭ كۆكتاتلىقىدا باش پىياز، چەيزە، شوخلا قاتارلىق كۆكتاتلارنى تېرىدى، «كۆكتاتلار ئۆزىمىزنىڭ يېيىشىمىزگە ئاساسەن يېتىدۇ» دېدى ئۇ رازىمەنلىك بىلەن.

**■ تۇرالغۇ ياخشىلاندى، تازىلىق مۇھىتىمۇ بۇنىڭغا ماسلىشىشى كېرەك**

5 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چىڭقى چۈشتە، مۇخبىرلار 75 ياشلىق كەنت ئاھالىسى ئوبۇلئېزىز ھەسەن ئائىلىسىگە باردى، كىشىدە ئەڭ چوڭقۇر تەسىر قالدۇرىدىغىنى، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ پاكىز، رەتلىك ھاجەتخانىسىدا سۇ بىلەن چايقىلىدىغان تەرەت تۇڭى، سۇ ئىسسىتقۇچنىڭ ھەممىسى بار بولۇپ، گەرچە ئاددىي بولسىمۇ بىراق ناھايىتى ئىللىق ئىدى. تۇراگۈل تۇرسۇننىڭ ئاشخانىسىدىكى قىزىل جاۋەن يۈزىگە ئاپئاق مەرمەر تاش قويۇلغان بولۇپ، مىكرو دولقۇنلۇق ئوچاق، دېزىنفېكسىيەلەش ئىشكاپى، بوستارتقۇ، گاز يېقىلغۇلۇق ئوچاقلارنىڭ ھەممىسى تەل ئىدى. «ھازىر تۇرمۇشىمىز ھەقىقەتەن بارغانسېرى قولايلىقلىشىپ كەتتى. بىزمۇ زامانىۋى تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتىمىز» دېدى تۇراگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئاشخانا بىلەن ھاجەتخانىنىڭ ھەممىسى يېقىندىلا ئۆزگەرتىلگەن. بىراق ئىككى يىل ئىلگىرىلا تېخى بۇنداق ئەمەس ئىدى.

گەرچە ئازادە ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرسىمۇ، تاشساي كەنتىدىكى بەزى كەنت ئاھالىلىرى يەنىلا كونا ھاجەتخانىنى ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغان بولۇپ، ئۆينىڭ ئالدى - كەينىنى ياۋا ئوت - چۆپلەر باسقان، ھەممىلا جاي ئەخلەت بىلەن تولغان، چىۋىنلەر ئۇچۇپ يۈرگەن، ياز كەلسىلا سېسىق پۇراق چىقىپ، پاشا كۆپ بولۇپلا قالماي، يەنە ئاسانلا كېسەل تارقىلاتتى.

قانداق قىلغاندا كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تازىلىق ئادىتىنى ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ؟ 2018 - يىلى 5 - ئايدا، چاقىلىق ناھىيەلىك ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى بىلەن، كەنت «ئاشخانىنى ئۆزگەرتىش، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش» خىزمىتىنى باشلىدى. كەنت ئاھالىلىرىنىڭ «ئاشخانىنى ئۆزگەرتىش، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش» بېسىمىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى، كەنت «ئىككى كومىتېت»ى بىرلىشىپ ھۆددىگە ئالغان ئورۇن، ئاساسىي قاتلامغا چۈشكەن كادىرلار ۋە كارخانىلارنى «تولۇقلىما ئورنىغا مۇكاپات بېرىش» شەكلىنى قوللىنىپ، نامرات ئائىلىلەرگە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، تەرەت تۇڭى، قول يۇيۇش دېسى ئىئانە قىلىپ، ئاممىنىڭ «ئاشخانىنى ئۆزگەرتىش، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش»كە قاتنىشىشنى قوللاشقا پائال قوزغاتتى.

«ئىلگىرى يۇيۇنۇشقا شارائىتىمىز يوق ئىدى، ھازىر ئۆيىمىزگە سۇ ئىسسىتقۇچ ئورنىتىپ، ھەر كۈنى يۇيۇنىدىغان ياخشى ئادەتنى يېتىلدۈردۇق.» كەنت ئاھالىسى قەھرىمان ئەخمەت تۇنجى بولۇپ «ئاشخانىنى ئۆزگەرتىش، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش» خىزمىتىگە ئاۋاز قوشتى، شۇڭا «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى يەنە ئۇنى 500 كىلوگرام سېمونت بىلەن مۇكاپاتلىدى.

ھازىرغىچە، تاشساي كەنتىدىكى 60% دېھقان ئائىلىسى «ئاشخانىنى ئۆزگەرتىش، ھاجەتخانىنى ئۆزگەرتىش» خىزمىتىنى تاماملاپ بولدى. 5 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن باشلاپ، ئەڭ ئاخىرقى 40 ئائىلىمۇ كەينى - كەينىدىن ئۆزگەرتىشنى باشلايدۇ.

كەنتنىڭ مۇھىتى بارغانسېرى ياخشىلاندى، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ تەۋەللۇك تۇيغۇسىمۇ بارغانسېرى كۈچەيدى. قەھرىمان ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «مۇقىم ئولتۇراقلاشقاندىن كېيىن، مەن ئاندىن بۇ يەرنىڭ ھەقىقەتەن ئۆزۈمنىڭ ئۆيى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. بەزىدە ناھىيە بازىرىغا ئىش بېجىرگىلى چۈشتىن بۇرۇن بېرىپ، چۈشتىن كېيىنلا قايتىشقا ئالدىرايمەن، ئاپتوموبىلدىن چۈشۈپلا ئۆيگە قايتقاندىكى ئاشۇ تۇيغۇ نېمىدېگەن ياخشى».

# ئالتاي ۋىلايىتى كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ، ئىقتىسادى ئاجىز كەنتلەرنىڭ كوللېكتىپ ئىگىلىكىنى زورايتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

«ئىلگىرى يىللاردا زورايتىش ئوتتۇرىغا قويۇلغىنى بىلەن، يۆلەپ بولغىلى بولمايتتى، مەبلەغ، بايلىق، سىياسەت، تۈرنى بىرىكتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش قېيىن مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاچقۇچى ئىدى» دېدى ئالتاي ۋىلايەتلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى پېڭ كاڭ.

2015 - يىلدىن بۇيان، ئالتاي ۋىلايىتى مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، «ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش، زورايتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»نى تۈزۈپ، كوللېكتىپ ئىگىلىكى ئاجىز كەنتلەرنىڭ مەبلەغ يېتىشمەسلىك، ئىختىساسلىقلار كەمچىل بولۇش قاتارلىق مەسىلىلىرىگە قارىتا، كەنت ئەھۋالىغا قاراپ ئىش كۆرۈپ، كەنت ئەھۋالىغا قاراپ سىياسەت يۈرگۈزۈپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك تۈزەپ، كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش - يۆلەش مەبلىغى تەسىس قىلدى.

بۇ ۋىلايەت ھەر يىلى مالىيەدىن 5 مىليون يۈەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇش، ناھىيە - شەھەرلەرنىڭ 1 مىليون يۈەندىن ئاز بولماسلىق ئۆلچىمى بويىچە كوللېكتىپ ئىگىلىكى ئاجىز كەنتلەرنى ئۆزگىچە تېرىقچىلىق، باقمىچىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، يەرنى ياخشىلاش، ھويلا - ئاران ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش، ھەمكارلىق كوپېراتىپى قۇرۇش، يېزا ئىگىلىكىدىكى باشلامچى كارخانىلارنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىن نۇقتىلىق يۆلەپ، مەخسۇس تۈر مەبلىغىنى باشقۇرۇش، ئىشلىتىش، پايدا ئېلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش - باھالاش ئۆلچىمىگە كىرگۈزدى؛ قوشماقلىشىپ ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمى ئورنىتىپ، «شەھەر، يېزىلار ئۆزئارا ئالاقە ئورنىتىش، 100 كەنت ئورتاق بەرپا قىلىش» پائالىيىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، ئىشىنى مەبلەغ، تېخنىكا، ئىختىساسلىقلار، تۈر قاتارلىقلاردىن باشلاپ، كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇشقا ياردەم بېرىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ۋىلايەت يەنە كەنت دەرىجىلىك كوللېكتىپ ئىگىلىكنى راۋاجلاندۇرۇش «يېشىل يول»ى ئېچىپ، باجنى كېمەيتىش - كەچۈرۈم قىلىش، يېزا ئىگىلىكىنى يۆلەش، پۇل مۇئامىلە مەدەتتە بېرىش، پەن - تېخنىكا ئارقىلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش قاتارلىق سىياسەت - تەدبىرلەر ئارقىلىق باشلامچى كارخانىلارنى نامرات كەنتلەر بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ قوشماقلىشىشقا تەشكىللەپ، «باشلامچى كارخانا + بازا + دېھقان ئائىلىسى» قوشماقلىشىپ، ھەمكارلىشىش، ياردەم بېرىش - يۆلەش سۈپىسى قۇرۇپ، كارخانا ئالاقىلىشىدىغان كەنتنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، مەبلەغ، تېخنىكا، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ياردەم بېرىپ - يۆلەپ، خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاشنى راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش ۋە كەنت ئاھالىسىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، كەنت بىلەن كارخانىنىڭ ئورتاق پايدا ئېلىشىنى ئىشقا ئاشۇردى.

# چاڭجىياڭ دېلتىسى رايونى قول تۇتۇشۇپ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى ئالغا سىلجىتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شاڭخەينىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ باش قوماندانى شى جيامىڭ تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەم ئىستېمال ئىقتىسادىغا ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولىدىغان نامراتلارنى يۆلەش، خەلقنى بېيىتىش قۇرۇلۇشى، ھەم ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم سۇپا. جەنۇبىي شىنجاڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نىڭ مۇھىم تۈگۈنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش كۈچلىرىنى پائال مۇجەسسەملەپ بىرىكتۈرۈپ، ساياھەت فۇنكسىيەسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ساياھەت ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ساياھەتنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىپ، ساياھەت مۇلازىمىتىنى ئۆستۈرۈپ، ساياھەت بايلىقى چوڭ رايوندىن ساياھەت ئىقتىسادىدا كۈچلۈك رايونغا يۈزلىنىشنى تېز ئالغا سىلجىتماقتا.

تونۇشتۇرۇش يىغىنىدا، جۈنچېۋ ساياھەتچىلىكى، شاڭچىڭ ساياھەتچىلىكى، شاڭخاڭ دەم ئېلىش مەنزىلى، شوفېڭ خەلقئارا ساياھەت كوپېراتىپى قاتارلىق ساياھەت كارخانىلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست بىلەن ياردەم بېرىپ قۇرۇش ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىدى، ئۇلار چاڭجىياڭ دېلتىسىدىكى ساياھەتچىلەرنى جەنۇبىي شىنجاڭغا بېرىپ ساياھەت قىلىشقا پائال تەشكىللەيدۇ؛ تىنچ ئوكيان مال - مۈلۈك سۇغۇرتىسى بىلەن قەشقەر ۋىلايىتى بىخەتەرلىك ئاۋام جاۋابكارلىق سۇغۇرتىسى كېلىشىمى ئىمزالاپ، پۈتۈن مەملىكەتتىن قەشقەرگە بارىدىغان ساياھەتچىلەرنى ساياھەت جىسمانىي بىخەتەرلىك خەۋپ - خەتىرى كاپالىتى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەيدۇ.

ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 2018 - يىلى چاڭجىياڭ دېلتىسى رايونىدىكى 10 مىليون ئادەم قېتىمدىن كۆپرەك ئاھالە شىنجاڭغا ساياھەتكە بارغان. كەسىپ ساھەسىدىكىلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، چاڭجىياڭ دېلتىسىدىكى ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قول تۇتۇشۇپ ئالغا سىلجىتىشىغا ئەگىشىپ، بۇ يىل چاڭجىياڭ دېلتىسىدىن شىنجاڭغا بارىدىغان ساياھەتچىلەر سانىنىڭ ئېشىش ھالىتىنى ساقلىشىدىن ئۈمىد بار ئىكەن.

بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىدا، شاڭخەي، ئەنخۇي، جياڭسۇ، جېجياڭ قاتارلىق ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابلىرى بىرلىكتە چاڭجىياڭ دېلتىسى رايونىنىڭ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەمكارلىق ئىتتىپاقى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى ھەم تۆۋەندىكىدەك ھەمكارلىق ئورتاق تونۇشنى ھاسىل قىلدى: رايونلار ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرلىرى، ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش يىللىق ھەمكارلىق پىلانىنى ماسلاشتۇرۇپ تۈزۈش ئۈستىدە ئورتاق كېڭىشىش؛ چاڭجىياڭ دېلتىسىدىكى رايونلارنى ئاساسلىق ساياھەتچى مەنبەسى نىشانلىق بازىرى قىلىپ، «بازارلاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇش»نى تەرەققىيات يۆنىلىشى قىلىپ، ساياھەت لىنىيەسى ۋە ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى مۇۋاپىق لايىھەلەپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، «چاڭجىياڭ دېلتىسى» نامىدىكى ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش بويىچە ھۆددىگە ئېلىنغان(مەخسۇس) ئايروپىلان، مەخسۇس پويىز قاتارلىقلارنى بىرلىشىپ يولغا قويۇش؛ بىرلىشىپ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى ئۆزلىرىنىڭ ساياھەت بويىچە تەربىيەلەش بايلىقىنى بىرلىشىپ تەرتىپكە سېلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ساياھەت ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىش قاتارلىقلار.